# جەنۇبىي شىنجاڭلىق نامرات ئەر - خوتۇن تاتلىق - تۈرۈم پىشۇرۇشتىن شېرىن يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى




**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار خاۋ يۇ، ئاينۇر)** ئاق شېكەر سېپىلگەن «پىروك»(تاتار مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى پىرەنىكى)نىڭ دۇخوپكىدىن مەززىلىك پىشىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، «90 - يىللاردا تۇغۇلغان» ئىبادەت ئابلىزنىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسى ئاستا - ئاستا ئېچىلدى. يېڭى ھۈنىرىنى تۇنجى سىناۋاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە ئازراق دەككە - دۈككىدە ئىدى.

ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان ئىبادەت ئابلىز بىلەن ئېرى ئىلگىرى ئىزچىل شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيەسىدە ياشاپ كەلگەن بولۇپ، بۇ جاي نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى «قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن» ئون نامرات ناھىيەنىڭ بىرى. بۇ يىل 3 - ئايدا، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن مەخسۇس پويىزغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شىمالىي شىنجاڭدىكى چۆچەك شەھىرىگە يېتىپ باردى. قىسقا مۇددەتلىك تەربىيەلىنىشتىن كېيىن، ئۇلار ئەمدى دېھقان ئەمەس، بەلكى بىر تاتار مىللىتى پېچىنە - پىرەنىك دۇكىنىنىڭ تاتلىق - تۈرۈم پىشۇرغۇچىسى بولۇپ قالدى.

سەھەردىكى چۆچەكتە ھاۋا يەنىلا ئازراق سوغۇق ئىدى. چۆچەك شەھىرى مەركىزىدىكى يىمەنشۇ قورۇقى ياكپوپو يېمەكلىك دۇكىنىدىن ئۆتكەندە، مەززىلىك پۇراق دىماققا ئۇرۇلدى، مەززىلىك پۇراق چىققان دۇكانغا كەلسەك، ئايال لاۋبەن زەيتۇنە كەرىموۋا ئىبادەت ئابلىز ئەر - خوتۇنغا «پىروك» پىشۇرۇشنى ئۆگىتىۋاتقان ئىكەن. رۇسچە ئۇسلۇبتىكى دۇكان پوكىيىگە پىرەنىك سېلىنغان تەخسىلەر رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، خۇددى ئەپچىل ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىغا ئوخشاش كۆزنى چاقنىتاتتى.

«بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەپ، بىز ناھايىتى ئىللىقلىق ھېس قىلدۇق.» ئىبادەت ئابلىزنىڭ بىر قەدەر راۋان پۇتۇڭخۇادا مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، ئۇ ئىككى بالىنىڭ ئانىسى ئىكەن، باشلانغۇچ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇپ، ئىلگىرى پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر كېۋەز تېرىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، تۇرمۇشى غورىگىل ئۆتىدىكەن. ھازىر، ئۇ ئېرى بىلەن سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بوپتۇ. بۇ مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، ياتاق - تامىقى ھەقسىز بولۇپلا قالماي، يەنە تاتار مىللىتىنىڭ پېچىنە - پىرەنىك پىشۇرۇش ھۈنىرىنى ئىگىلەپتۇ.

نەچچە يۈز يىللىق ۋارىسلىق قىلىش تارىخىغا ئىگە تاتار مىللىتىنىڭ خاس پېچىنە - پىرەنىكى تاتار مىللىتىنىڭ ئائىلىدە مېھمان كۈتىدىغان يېمەكلىكى، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ بارغاندا تەييارلايدىغان سوۋغىتى. ھەقىقىي تاتار مىللىتىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېقىندا زەيتۇنە كەرىموۋا بىر ئۈستەل تاتارچە نازۇ نېمەتلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلاپ، يىراقتىن كەلگەن يېڭى دوستلىرىغا «ھاردۇق چېيى» بەردى.

««كاتلىت»(تاتار مىللىتىنىڭ كۈندىلىك ئاساسلىق تامىقى)نىڭ تەمى بىز دائىم يەيدىغان پولۇنىڭ تەمىگە يېقىنراق بولۇپ، يەنە نۇرغۇن پېچىنە - پىرەنىك، مېۋە مۇراببالىرىمۇ بار ئىكەن، ئېرىم ئىككىمىز ناھايىتى ياقتۇردۇق.» ئىبادەت ئابلىز مۇنداق دېدى: ھازىر دۇكاندا مەخسۇس ئادەم بىزگە بۇ مەززىلىك تائاملارنى قانداق پىشۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ. ئۆگىنىش مەزگىلىدە ئۆرە تۇرۇپ پۇتىنىڭ تېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، زەيتۇنە كەرىموۋا يەنە مەخسۇس ئىككى جۈپ يۇمشاق چەملەك تەنھەرىكەت ئايىغى سېتىۋېلىپ، ئەر - خوتۇن ئىككىسىگە سوۋغا قىلدى.

خىزمەت تاپقاندىن كېيىن، ئەر - خوتۇن ئىككىسىمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى پىلانلاشقا باشلىدى. «پىراكتىكا مەزگىلىدە بىزنىڭ 2000 يۈەن كىرىمىمىز بار بولدى، رەسمىيلەشكەندىن كېيىن تەمىناتىمىز يەنىمۇ ئۆسىدۇ. ئاز - تولا پۇل غەملىۋالغاندىن كېيىن، بىزمۇ يۇرتقا قايتىپ ئۆزىمىزنىڭ دۇكىنىنى ئېچىشنى ئويلاشتۇق» دېدى ئىبادەت ئابلىز.

يېقىندا ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بىللە چۆچەككە كەلگەنلەردىن يەنە خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەن ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىمۇ بار ئىكەن. مۇخبىرنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستىدىكى قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون ئېغىر نامرات ناھىيەدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. 2020 - يىلى، شىنجاڭ يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كەسپىي ماھارەتنى ئۆستۈرۈپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، 2 مىليون 700 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى پىلانلىغان.

ئەدىبە ئالماشتۇرۇش بىلەن تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرۇلۇشى ئۇچراشقاندا

# شىنجاڭ گېزىتى گېزىتداشلار بەھرىلىنىش يىغىنى تۇنجى قارارلىق پائالىيەت ئۆتكۈزدى

**مۇخبىرىمىز ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «ئىللىقلىق ھېس قىلدىم، بۇ يەرنى ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدەكلا ھېس قىلدىم.» 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ھۆسنخەت ۋە رەسىم سەنئەتكارى مىن يىنىەن كۈچلۈك دەۋرچانلىققا ئىگە بولغان شىنجاڭ گېزىتىنىڭ گېزىت تارىخى سارىيىدا، كونا گېزىتتىكى ھەربىر خەۋەرنى خۇددى تۈنۈگۈنكى خەۋەردەكلا يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي ئوقۇدى، بۇنىڭ بىلەن 1 - قارارلىق شىنجاڭ گېزىتى گېزىتداشلار بەھرىلىنىش يىغىنى باشلاندى، ئالدىن تىزىملاتقان تەلەيلىك 20 ئوقۇرمەن ۋە 58 مىڭ ھەر مىللەت تور ئەھلى ئايرىم - ئايرىم ھالدا نەق مەيدان ۋە ئالاقە تورىدا بىۋاسىتە كۆرستىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ قېتىمقى بىلىمدىن بەھرىلىنىشكە قاتناشتى.

«خەتتاتلىق بىزنىڭ مىللىي مەنىۋىيىتىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، مىللىي روھىمىزنى نامايان قىلىدۇ»، «تۇرپان ھۆججەتلىرى، كىروران خەنزۇچە پۈتۈكلىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق بولۇپ، چوڭقۇر قېزىپ تەتقىق قىلىش كېرەك، بۇ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئېتراپ قىلىشتا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە» «بارلىق نەرسىلەرگە شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ تۇپراقتا ئېرىشتۇق، بۇ تۇپراقنى قىزغىن سۆيمەسلىككە ئاساسىمىز يوق» «شىنجاڭ گېزىتى زىممىسگە ئالغان بۇرچ بەك مۇھىم، ئۇنى ھۆرمەتلىشىمىز، ئۇنى قوللىشىمىز، ئۇنى قوغدىشىمىز كېرەك»... بىر سائەتلىك بەھرىلىنىش يىغىنىدا، مىن يىنىەن ھۆسنخەت، رەسىم سەنئىتى ۋە ئۆزىنىڭ شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرى، كۆرگەن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان خەۋەرلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىلگىرى ئۆزى قاتناشقان تارىخىي ھېكايىلەر، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغانلىقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ھەمدە ئۇنىڭ نەزەرىدىكى شىنجاڭدىكى كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان ئۆزگىرىشلەردىن بەھرىلەندى.

بۇ قېتىمقى بەھرىلىنىش يىغىنى شىنجاڭ باش خەۋەرلىرى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات كۆچمە تورى، بۈگۈنكى باش خەۋەرلەر، ZAKER، چۈدىيەن خەۋەرلىرى، شىنلاڭ بىلوگى قاتارلىق ئالتە سۇپىدا بىۋاسىتە كۆرستىلدى.

«گېزىت تارىخى سارىيى ۋە پېشقەدەم سەنئەتكارلار ئالاقە تورى+ ئارقىلىق يېڭى ئۇچقۇن چىقاردى» «ئەدەبىيات - سەنئەت ھىدىغا تولغان گېزىتخانا، ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك دەم ئېلىش بولدى» «2 - قارارلىق بەھرىلىنىش يىغىنى نەق مەيدان پائالىيىتىگە ئالدىن تىزىملىتىمەن» «شىنجاڭ گېزىتىدىكى ئاشۇ تارىخلار توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدا سۆزلەپ بېرىشكە بولامدۇ» «بۇ باللار ئۈچۈن ئەڭ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بولدى»... تورداشلار بىۋاسىتە كۆرستىش جەريانىدا بەھرىلىنىش يىغىنىنى توختىماي ماختىدى. گېزىت تارىخى سارىيىنىڭ مەسئۇلى جۇ مو مۇنداق بىلدۈردى: گېزىت تارىخى سارىيىنىڭ تارىخىي ئاساسى، مەدەنىيەت داڭلىق كىشىلىرىنىڭ مول بىلىمى، تاراتقۇلار يۇغۇرۇلغان پەن - تېخنىكا سۈپىتى، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، بىلىمدىن بەھرىلىنىشكە ئالاقە تورى+نى قانات قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

«بۈگۈنكى بەھرىلىنىشنى ئاڭلاپ، مەندە كىشىلىك ھاياتقا قارىتا يېڭى ئويلىنىش پەيدا بولدى.» توردا تىزىملىتىش ئارقىلىق بەھرىلىنىش يىغىنى نەق مەيدان پائالىيىتىگە قاتناشقان ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى چېڭ فاڭفاڭ مۇنداق دېدى: مەن مۇئەللىمنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، مەن قانداق ئادەم بولۇش كېرەكلىكىنى، قانداق جۇڭگولۇق بولۇش كېرەكلىكىنى تېخىمۇ چۈشەندىم.

«ئەگەر يەنە مۇشۇنداق بەھرىلىنىش بولسا، مەن يەنە كېلىپ قاتنىشىمەن.» ئۈرۈمچى شەھەرلىك 15 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى لىيۇيۇ تۇڭيۈ مۇنداق دېدى: مەن بۈگۈن سۆزلىگەن ھېكايىلەر ئىنتايىن قالتىس، ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولدى، نۇرغۇنلىرى كىتابلاردا يوق، يەنە بەزىلىرى دەرسلىكتىكى مەزمۇنلارنىڭ ئۇزارتىلىشى بولۇپ، مول ھاسىلاتلارغا ئىگە بولدۇم.

قىزىققان ئوقۇرمەن، تاماشىبىنلار بولسا شىنجاڭ باش خەۋەرلىرى قاتارلىق سۇپىلارغا چىقىپ، نەق مەيداندىن بىۋاسىتە كۆرستىش سىن لېنتىسىنى كۆرسە بولىدۇ.

ئىككىلىك كودنى سكانىرلاپ بەھرىلىنىش يىغىنىنى قايتىلاپ كۆرۈڭ




**5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، مىن يىنىەن ئۆزىنىڭ ھېكايىسى ئارقىلىق 1 - قارارلىق شىنجاڭ گېزىتى گېزىتداشلار بەھرىلىنىش يىغىنىنى باشلىدى.**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چىن مېيخۇا فوتوسى




# مېھىر - مۇھەببەت بولسىلا بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولغىلى بولىدۇ

**□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر، ئىختىيارىي مۇخبىر من چېڭ**

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سەھەردە، قاراماي شەھىرى غەربىي رايون بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشى چەكلىك شىركىتىدىن جەرەنبۇلاق رايونى (قاراماي يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونى) سەنپىڭ يولى كوچا باشقارمىسى ۋۇشىن مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ما جيۈك ئەتىگەنلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ، مەھەللە ئاھالىسى ئابلەت سۇلايمانىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ھەر ئىككى - ئۈچ كۈندە ما جيۈك 70 ياشلىق يالغۇز تۇرۇۋاتقان بۇ گاس - گاچا بوۋاينى يوقلىغاچ، بوۋايغا بىر قىسىم تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئالغاچ باراتتى.

ئىككىيلەننىڭ تونۇشقىنىغا بىر يىل بولاي دېدى، ما جيۈڭنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى بوۋايغا ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

بوۋاينى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چاغدىكى مەنزىرە ما جيۈڭنىڭ ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىدە. «بۇلتۇر 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئەتىگەندە، مەن مەھەللە ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدا بوۋاينى ئۇچراتتىم، ئۇنىڭ تىت - تىت بولۇپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئالدىغا بېرىپ سورىدىم. بوۋاي جىددىيلەشكەن ھالدا ماڭا بىر نېمىلەرنى ئىشارەت قىلدى، مەن دەماللىققا ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنەلمىدىم.» زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىش ئۈچۈن، ما جيۈك بوۋايغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئىشىكتىن كىرىشىگىلا، بوۋاي ما جيۈڭنى تارتىپ ئاشخانىغا ئەكىرىپ، يېقىلغۇ گاز ئوچىقىنى كۆرسەتتى، ئەسلىدە ئۆيدە كۆمۈر گازى قالمىغان ئىكەن. ما جيۈك دەرھال يېقىلغۇ گاز شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ بوۋايغا يېقىلغۇ گاز تۇڭىنى ئالماشتۇرۇپ بەردى.

ما جيۈڭنىڭ كۆڭلى ئۇزاققىچە تىنمىدى: «بىز بارماق تىلىنى بىلمەيمىز، بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دەۋا - تەلەپكە يولۇققاندا قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بوۋاي ياشىنىپ قاپتۇ، ئۆيدە يالغۇز تۇرسا بىخەتەر بولامدۇ - يوق؟» ئۇ تورغا چىقىپ بارماق تىلى ئوقۇتۇشى سىن كۆرۈنۈشىنى كۆرۈپ، ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگەندى، يەنە ئەتراپىدىكى خىزمەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ بىللە ئۆگەندى. ھەر ئىككى - ئۈچ كۈندە ما جيۈك بوۋاينىڭ ئۆيىگە بېرىپ يوقلاپ تۇردى، بەزىدە ئۆيىنى تازىلاپ بەردى، بەزىدە كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، تاماق ئېتىپ بەردى. «سىز مېنى ئۆز ئوغلىڭىزدەك كۆرۈڭ، نېمە ئىش بولسا مېنى ئىزدىسىڭىزلا بولىدۇ، مەن چوقۇم ھالىڭىزدىن ياخشى خەۋەر ئالىمەن.» بارماق تىلى ئارقىلىق ما جيۈك بوۋايغا دوستلۇقنى بىلدۈردى.

ئابلەت ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ توك يولى ئېغىر دەرىجىدە كونىراپ كەتكەچكە، دائىم توك توختاپ قالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوشۇرۇن خەۋپ ساقلىنىدىغانىدى. ما جيۈك كەسپىي خادىملارنى تېپىپ كېلىپ توك يولىنى ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلدۇرۇپ، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان چىراغ ئالماشتۇرۇپ بەردى، ئۆي يورۇپ كەتتى.

بوۋاينى يوقلاپ بارغاندا، ما جيۈك بوۋاينىڭ ئىشىك چېكىلگەن ئاۋازنى ئاڭلىيالمىغاچقا، زىيارەتكە كەلگەنلەرنىڭ دائىم ئىشىك ئالدىدا ئۇزاق ساقلايدىغانلىقىنى بايقىدى. «بوۋايغا قانداق قىلغاندا ئادەم كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگىلى بولىدۇ؟» ما جيۈڭنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كېلىپ، «كۆرگىلى بولىدىغان» بىر ئىشىك قوڭغۇرىقى لايىھەلەپ بەردى.

تۆشۈك تېشىش، سىم تارتىش، ئورنىتىش... ما جيۈك «بۇيرۇتقان» ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بوۋاينىڭ ئىشىكىگە ئورناتتى. تاشقىرىقى ئىشىكتىكى كەيگۈەننى باسسىلا، ياتاق ئۆيدىكى ئەسكەرتىش چىرىغى يورۇيدۇ. ما جيۈك خۇشال ھالدا «ئىشىك قوڭغۇرىقى»نى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى كۆرسەتتى، بوۋاي بىرچەتتە تۇرۇپ خۇشاللىقىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قالدى.

مېھىر - مۇھەببەت بېرىش - كېلىش قىلغانسېرى قويۇقلاشتى. ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە، بوۋاي ما جيۈڭنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالىدۇ، كۆزى مېھىر - شەپقەتكە تولىدۇ. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك ئىشنى قىلىش شەرت ئەمەس، مېھىر - مۇھەببەت بولسىلا بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولغىلى بولىدۇ» دېدى ما جيۈك.